3 ـ 6 ياشقىچە
ئائىلە كىتابى

# جۇڭگو سەبىيلەر قامۇسى

中国少儿百科全书

# بەدىنىم



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

Scanned with CamScanner

پىلانلىغۇچى: ما جۈن
جىن رۇي
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنار لېتىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: مۇراددىل ئابىد

جۇڭگو سەبىيلەر قامۇسى

# بەدىنىم

تەرجىمە قىلغۇچى: قەلبىنۇر مەمتىمىن



شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىلۇڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1194 × 889 م م، 16 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 2
2014 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2014 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978-7-5515-2950-1
سانى: 1 — 5000
باھاسى: 15.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



# مۇندەرىجە


مەن قەيەردىن كەلدىم ........................ 2
دۇنيانى تونۇتقان كۆز ........................ 4
سەزگۈر بۇرۇن ........................ 6
خىسلەتلىك قۇلاق ........................ 8
چىشنىڭ ماھارىتى ........................ 10
بىر جۈپ قابىل قول ........................ 12
تېرىنى ئاسراش ........................ 14
يېمەكلىكنىڭ ساياھىتى ........................ 16
بەدىنىمىزمۇ سۆزلىيەلەيدۇ ........................ 18
بەدەن ئۇخلىشى كېرەك ........................ 20
ئاغرىپ قېلىش ........................ 22
يۈگۈرۈش، سەكرەش بەدەنگە پايدىلىق ........................ 24

# مەن قەيەردىن كەلدىم



مەن ئاپامنىڭ قورسىقىدىن چىققان، دادام بىلەن ئاپام ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلغاندىن كېيىن مەن تۇغۇلۇپتىمەن.

ئاپامنىڭ قورسىقىدا دادام ـ ئاپامغا ئورتاق بولغان ئۇرۇقتىن مەن پەيدا بوپتىمەن.

مەن تۇرۇۋاتقان جاي بالياتقۇ دەپ ئاتىلىدۇ.



مەن مانا مۇشۇنداق دۇنياغا كەلگەن



دادام بىلەن ئاپام باللىق بولماقچى.

مەن بۇ يەردە ناھايىتى تېز چوڭ بولدۇم.







ئاپام نەيچىگە ئوخشايدىغان كىندىك بېغى ئارقىلىق ماڭا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ تۇردى.



Scanned with CamScanner



مەن يەنە تېخى بارمىقىمنى شورايمەن. قاپىقىمنى تۈرۈپ، چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ، كەپ-سىزلىك قىلىمەن.



## چوڭلارغا سۆز

«مەن قەيەردىن كەلدىم» دېگەن سوئال ھەربىر ئائىلە باشلىقى ئۇچرايدىغان مەسىلە، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بۇ سوئالدىن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرماي، چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن بالىلىرىڭلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىڭلار.



## چوڭلارنىڭ ھېكايىسى




مەن ئاپامنىڭ قورسىقىدا 10 ئايغا يېقىن تۇرغاندىن كېيىن ئاپام دوختۇرخانىغا بېرىپ، مېنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىمنى كۈتۈۋالدۇ.





مەن ئويغانغاندىن كې-يىن، پۇتلىرىمنى سوزد-مەن ھەم ئۆرۈلىمەن.







مەن ئادەتتە بالى-ياتقۇ ئىچىدىكي ئىلمان سۇنىڭ ئىچىدە ئۇخلايمەن.




مەن دوختۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاخىر بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتىم.

## ئېيتىپ بەر ئانا

مەن تۇغۇلغاندا قانداق ئىدىم؟



# دۇنيانى تونۇتقان كۆز

كۆز ئارقىلىق يىراق - يېقىندىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ دۇنيانى كۆزىتىش ۋە تونۇشىمىزدىكى كۆزنەك.




## كۆزئەينەكنىڭ ئىگىسىنى ئىزدىشى




مايمۇنچاق كۆزئەينەك تېپىۋال-دى. ئۇ: «كۆزئەينىكىنى چۈشۈرۈپ قويغان ئادەم چوقۇم بىئارام بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلىدى.




پاقىجان: «مەن ئەزەلدىن يېتىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇمايمەن، شۇڭا كۆزۈم ساق» دېدى.




ئوغلاقجان: «مەن ئەزەل-دىن يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرمەيمەن، كۆزۈم ئىنتايىن ياخشى» دېدى.






Scanned with CamScanner

# سەزگۈر بۇرۇن

بىز بۇرۇن ئارقىلىق نەپەسلىنىمىز. بۇرۇن ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، خىلمۇ-خىل پۇراقلارنى ئايرىيالايدۇ.




بەزىلەرنىڭ بۇرنى پاناق، بەزىلەر قاڭشارلىق، بەزىلەر ئىلمەك بۇرۇن كېلىدۇ.



ۋاھ، نىمىدېگەن خۇش پۇراق! مەن ياخشى كۆرىدىغان پۇراق ئىكەنغۇ.

## يوغان بۇرۇن

بۇرنىڭىزنى ئېتىۋالسىڭىز، پۇراقنى پۇرىيالمايسىز.



1. موزايچاقنىڭ يوغان بۇرۇن تۆشۈكى ئۇدۇل قاراپ تۇرىدۇ.



2. موزايچاق بۇرنىنى كوچىلاشقا ئامراق، بەزىدە بۇرنىنى كوچىلاۋېرىپ قاناتىۋېتىدۇ.



3. ئاپىسى ئۇنىڭغا قاننى توختىتىشنىڭ ئامالىنى ئۆگىتىپ قويىدى، يەنە ئۇنىڭغا بۇرنىنى كولىماسلىقنى تاپىلىدى.


بۇرۇن تەكشۈرۈش ئەسۋابى
باشقا ئەخلەتلەر
يىغىۋېلىشقا بولىدىغان بۇيۇملار
ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر
نېمىدېگەن مەززىلىك!
ھېچقانداق پۇراقنى پۇرىيالمايۋاتىمەن.
زۇكامدىن بۇرۇن پۈتۈپ قالغاندا، ھېچقانداق پۇراقنى پۇرىغىلى بولمايدۇ.
4. بىر كۈنى كەچتە موزايچاق كىچىك پۇرچاق ۋە تۈگمىنى بۇرنىغا تىقتى.
5. شۇنىڭ بىلەن موزايچاق نەپەس ئالالماي قالدى.
ئاپا، تېزرەك كېلىڭ!
6. موزايچاق بۇرنىغا كىرىپ كەتكەن پۇرچاقنى ئالىمەن دەپ كولىغانسېرى، پۇرچاق تېخىمۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
بۇنداق قىلساڭ بەك خەتەرلىك!
7. دوختۇرخانىدا ئېيىق دوختۇر ئېھتىيات بىلەن موزايچاقنىڭ بۇرنىدىكى پۇرچاقنى چىقاردى.
نېمە ئۈچۈن قولنى يەلپۈپ تۇرۇپ گۈلنى پۇرايمىز؟

# ئىسلەتلىك قۇلاق

قۇلاق سىرتتىن كەلگەن ھەر خىل ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ.

قۇشلارنىڭ سايراشلىرى قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.




گاس - گاچىلار ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدۇ، پەقەت قول - تىلى ئارقىلىق «ئالاقىلىشالايدۇ».






Scanned with CamScanner

# چىشنىڭ ماھارىتى

چىش يېمەكلىكنى چايناپ ئېزىش ئارقىلىق يېمەكلىكنىڭ ئاسان ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئاپپاق، رەتلىك چىش ئادەمنى ساغلام ھەم گۈزەل كۆرسىتىدۇ.

ئېزىق چىش تۈگمەن تېشىدەك يۇمىلاقتۇر. يې-مەكلىكنى ئېزىشتە ئۇنىڭ-دەك كۈچتۈڭگۈر يوقتۇر.



ئۆتكۈر چىش يې-مەكلىكنى خۇددى پىچاقتەك پارچىلايدۇ.



قوزۇق چىش يېمەكلىكنى پارچىلاشتا بەك قالتىس.






تۇغۇلۇپ بىرىنچى قې-تىم چىققان چىشنى سۈت چىش دەپ ئاتايمىز.







ئالتە ـ يەتتە ياشتىن باشلاپ ئالماشقان چىش ئۆمۈرلۈك چىش بولىدۇ، شۇڭا بىز چىشىمىزنى ياخشى ئاسرىشىمىز كېرەك.

# كىچىك مىتىنىڭ چىشنى قوغداش خاتىرىسى





1. بىز بولساق كىچىك مىتىلەر، قىزچاقنىڭ چىشىدىكى قارا ئۆڭكۈردە تۇرىمىز.



2. قىزچاق تاتلىق يېمەكلىككە بەك ئامراق، لېكىن چىشىنى كۈندە ئىككى ۋاق چوتكىلاشنى پەقەت ياخشى كۆرمەيدۇ.



3. تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ قالدۇقلىرى قارا ئۆڭكۈرىمىزنى ئاز - ئازدىن چوڭايتىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ.



4. ئاخىر، قارا ئۆڭكۈر قىزچاقنىڭ چىشىنى ئاغرىتقاچقا ھېچنېمە يېيەلمىدى.

5. دوختۇر قۇرت يېگەن چىشلارنى زاماسكىلىماقچى، ئەمدى بىزنىڭ ئۆيىمىز يوق بولىدىغان بولدى.



6. ئەسۋاب ئىچىمىزغا كىردى، دەرھال قاچايلى!









# بىر جۈپ قابىل قول

بىزنىڭ كىيىم كىيگۈزەلەي-
دىغان، تۈگمىنى ئېتەلەيدىغان،
بارچە ئىشلارنى قىلالايدىغان
بىر جۈپ چېۋەر قولىمىز بار.



# قارشى ئېلىنمايدىغان كىچىك قول



1. ئالىم قول يۇيۇ-ۋېتىپ، سۇنى دوست-لىرىغا چېچىۋەتتى.



2. رەسىم سىزىۋاتقاندا، ئالىم بوياقنى باشقىلارنىڭ كىيىمىگە سۈركىدى.



3. بالىلار رەتكە تىزىل-غاندا، ئالىم ئالدىدىكى قىزنىڭ چېچىنى تارتتى.



4. ئالىم مومىسى بىلەن كوچىدا كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى گۈللەرنى ئۈزۈۋالدى.





5. بالىلار ئالىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ توپنى ئەپقاچتى.





## چوڭلارغا سۆز

قەغەز قاتلاش، رەسىم سىزىش، قەغەز قىيىش، لاي ئويناش، كۆپىك تىزىش، كارتا قىستۇرۇش، ئارغامچا تاقلاش قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى چېنىقىش ئويۇنلىرىدۇر. بۇ ئويۇنلار بالىلارنىڭ قول مۇسكۇللىرىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قولنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

# تېرىنى ئاسراش

تېرە بىزنىڭ پۈتۈن بەدىنىمىزنى قوغداپ تۇرىدۇ. تېرە ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، سوغۇق، ئىسسىق ۋە ئاغرىقلارنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا، بىز تېرىمىزنى ئاسرىشىمىز، ئۇنى زەخىملەندۈرمەسلىكىمىز كېرەك.






Scanned with CamScanner






Scanned with CamScanner

# يېمەكلىك ساياھىتى

يېمەكلىك يېيىلگەندىن كېيىن قورساقتا ساياھەتنى باشلىۋېتىدۇ.




3. يېمەكلىكلەر شۆلگەيلەر بىلەن بىرلىشىپ ناھايىتى ئۇششاق پارچىلىنىپ ئۇزۇن قىزىلئۆڭگەچكە باردى.




1. مەن پۇرچاق بولىمەن، باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن بىللە ئادەم بەدىنىدە ساياھەت قىلىمەن.

2. ئۆتكۈر چىش يېمەكلىكلەرنى چايناپ بىردەمدىلا ئېزىۋەتتى.

قىزىلئۆڭگەچ: پارچىلانغان يېمەكلىكلەرنى ئاشقازانغا يەتكۈزىدۇ.




4. قىزىلئۆڭگەچ يېمەكلىكلەرنى چوڭ خالتىغا ئوخشايدىغان ئاشقازانغا يەتكۈزىدۇ. ئۇ يەر كىسلاتاغا تولغان بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى ئۇماچقا ئايلاندۇرۇپ ھەزىم قىلىدۇ.

5. پارچىلانغان يېمەكلىك سىرلىق
ئۆردىغا ئۆخشايدىغان كىچىك ئۈچەيگە
يەتكۈزۈلىدۇ، كىچىك ئۈچەي دىۋارىدىكى
ناھايىتى زىچ بولغان تۈكچىلەر توختى-
ماستىن ئوزۇقلارنى سۈمۈرىدۇ.





7. قالدۇقلار تەركى-
بىدىكى سۇنى چوڭ
ئۈچەي سۈمۈرۈۋالغان-
دىن كېيىن، قالغان-
لىرى چوڭ تەرەتكە
ئايلىنىدۇ.





كىچىك ئۈچەي:
يېمەكلىكلەر تەر-
كىبىدىكي ئوزۇق-
لۇقنىڭ كۆپ
قىسمى بۇ يەردە
سۈمۈرۈلىدۇ.








8. ھا ـ ھا... مەن
مەقئەتتىن چىققان-
دىن كېيىن ساياھى-
تىم ئاخىرلىشىدۇ.

چوڭ ئۈچەي: قوبۇل قىلىن-
مىغان يېمەكلىكلەرنىڭ قال-
دۇقلىرى بۇ يەردە تەرەتكە ئاي-
لىنىدۇ.

6. سۈمۈرۈلمەي
قالغان قالدۇقلار
چوڭ ئۈچەيگە
ئىتتىرىلىدۇ.

ئاشقازان: يېمەك-
لىكلەرنى بەدەن قو-
بۇل قىلالايدىغان دە-
رىجىدە پارچىلايدۇ.



# بەدىنىمىزمۇ سۆزلىيەلەيدۇ

ئاغزىمىزدىن باشقا بەدىنىمىزدىكى بەزى ئەزالىرىمىزمۇ ئاۋاز، ھەرىكەت ياكى چىراي ئىپادىسى ئارقىلىق سۆزلەيدۇ.




ھەرىكەت قىلغاندا يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلىشىدۇ.







ئۈسۈرۈش نورمال ئەھۋال.

يېمەكلىكنى جىق ھەم تېز يېسە ئوڭاي كېكىرىپ قالىدۇ.

# ھەرىكەت ۋە چىراي ئىپادىسىمۇ سۆزلىيەلەيدۇ





قول پۇلاڭلىتىش خوش-
لىشىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاچچىقلانغاندىكى قىيا-
پەت بەك قورقۇنچلۇق.








ئاشقازان ـ ئۈچەيدە
يېمەكلىك بولمىغاندا،
ئاشقازاندىكى گاز ۋە
سۇ قىسىلىپ ئاۋاز
چىقىرىدۇ.

باشمالتاقنى چىقىرىش
«سەن بەك قالتىس!» دې-
گەننى ئىپادىلەيدۇ.

قۇچاقلاش ۋە سۆيۈش
يېقىنلىق ۋە مۇھەببەت-
نى ئىپادىلەيدۇ.





خۇشال بول-
غاندا سەكرەيدۇ.






كۆڭلى يېرىم بولغاندا
ۋارقىراپ يىغلايدۇ.

ئۇخلىغاندا نەپەس
راۋان بولمىسا خو-
رەك تارتىدۇ.

# بەدەن ئۇخلىشى كېرەك

كەچ كىرىشى بىلەن بىر كۈن ھەرىكەت قىلغان بەدىن چارچىغانلىقىنى ھېس قىلغاچقا، كۆز يۇمۇلۇپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇخلاش كېرەك.



### چوڭلارغا سۆز

بالىلارنىڭ ئۆسۈۋاتقان مەزگىلىدە، ئويقۇسى قانمىسا، ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ۋە بەدىنىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ چوقۇم كەچ سائەت 8 دىن بۇرۇن ئۇخلىشىغا، ھەر كۈنى ئاز دېگەندىمۇ 10 سائەتلىك ئويقۇسىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

## ئۇخلىمايدىغان فىي فىي




1. فېي فېينىڭ كەچتە دائىم ئۇخلىغۇسى كەلمەيدۇ.




2. ئاپىسى بىر ھېكايە ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، فېي فېينى بۇرۇنراق ئۇخلاتقۇزدى.



3. ئاپىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، فېي فېي ئويۇنچۇقىنى ئوينىدى.



4. فېي فېي ئويناپ ھارغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.



5. يەسلىگە بارىدىغان ۋاقىتتا، فېي فېي ئويقۇسىنى ئاچالمىدى.

### ئېيتىپ بەر ئانا

نېمە ئۈچۈن چۈشتە ئۇخلايمىز؟



Scanned with CamScanner

# كيچە ئۇخلاپ ئارام ئالىدىغان ۋاقىت



# ئاغرىپ قېلىش

ئاغرىپ قالغاندا بەدىنىمىز ناھايىتى بىئارام بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا نەرسىمىزنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭلارغا ياكى مۇئەللىمگە دېيىشىمىز كېرەك.







ئېيتىپ بېقىڭ

زۇكامداپ قالغاندا
نېمە ئۈچۈن قايناق سۇ-
نى كۆپ ئىچىمىز؟



Scanned with CamScanner

# دورا ئىچىش، ئوكۇل ئۇرغۇزۇشتىن قورقمايمەن







**چوڭلارغا سۆز**

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا چوڭلار بالىلارغا ئاكتىپلىق بىلەن بالىلارنىڭ قەيسىرى ئاغرىۋات-قانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە يېتەكلىگەندە، بالىلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئېڭى ئۆسۈش بىلەن بىللە بالىلار ئادەم بەدىنىگە ئائىت بىلىملەرنى چۈشىنەلەيدىغان بولىدۇ.

1. ئادىل ئاغرىپ قالدى، ئەمما دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ئۇنىمىدى.

2. يېرىم كېچىدە، غەلىتە ئىك-كى مىكروب بولۇڭدا پاراڭلاشتى.

3. مىكروبلار ئۇچۇپ ئادىلنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدى.









ئادىل ئوكۇل ئۇر-غۇزۇشقا، دورا يېيىش-كە ئۇچ ئىكەن، بىز ئۇنىڭ بەدىنىگە كىر-سەك بولغۇدەك!




5. ئادىل دەرھال ئاپى-سىنى چاقىردى.






4. ئادىل چۆچۈپ ئوي-غىنىپ كەتتى.



Scanned with CamScanner

# يۈگۈرۈش، سەكرەش بەدەنگە پايدىلىق

دائىم سىرتلاردا پائالىيەت قىلغاندا تېتىك بو-
لۇپلا قالماي، تېخىمۇ ساغلام بولغىلى بولىدۇ
ھەمدە بوينىڭ ئۆسۈشىگىمۇ پايدىلىق.

**چوڭلارغا سۆز**

تاقلىغۇچ، ئېگىزگە يامىشىش، ئاتلاش، بىر
پۇتلاپ سەكرەش، بىردەم مېڭىپ بىردەم يۈگۈ-
رۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بالىلارنىڭ مۇسكۇل-
لىرىنى چېنىقتۇرىدۇ. چېنىققاندا چوڭلار چو-
قۇم بالىلارغا ھەمراھ بولۇپ، تاسادىپىي ۋەقەنىڭ
ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.






Scanned with CamScanner






Scanned with CamScanner

# بەدىئىي

## سىزىپ باقاي



▲ يۇ تېڭيۇ (6 ياش)

▲ياڭ مياۋيىن (6 ياش)



▲ ۋاڭ خاۋ (5 ياش)





▲سۇڭ كېخەن (6 ياش)



▲ ليۇ جىئەنشۇەن (6 ياش)



▲ خې ياڭ (6 ياش)



Scanned with CamScanner



▲دەن سوڭگاۋ (5 ياش)

▶جاڭ چۆيى(6 ياش)



▶يۈ موجېن (6 ياش)







▲زو يۈخوڭ (6 ياش)



▲جىاڭ چى (5 ياش)



## سىزىپ بېقىڭ

سىزنىڭ بەدىنىڭىز قانداق شەكىلدە؟ ئۇنى سىزىپ بېقىڭ.







Scanned with CamScanner





Scanned with CamScanner

图书在版编目（CIP）数据

我的身体：《中国幼儿百科全书》编委会著；卡力比努尔·买买提依明译．--乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2013.1
（中国幼儿百科全书）
ISBN 978-7-5515-2950-1

Ⅰ.①我… Ⅱ.①中…②卡… Ⅲ.①人体--儿童读物-维吾尔语（中国少数民族语言）、汉语 Ⅳ.①R32-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2013）第014102号

策　划：马俊
　　　　金锐

责任编辑：古丽娜尔·力提富
责任校对：依巴达提·亚森
美术编辑：木拉丁·阿比提

中国幼儿百科全书 一

**我的身体**

卡力比努尔·买买提依明　译



新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆一龙印刷有限公司印刷
889×1194 毫米　16开本　2 印张
2014年4月第1版　2014年4月第1次印刷
印数：1—5000

ISBN 978-7-5515-2950-1　　定价：15.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

Scanned with CamScanner

كۆرۈشلۈك ئاڭلاشلىق سۆزلەشلىك سىزىشلىق ئويناشلىق

# جۇڭگو سەبىيلەر قامۇسى





3~6 ياشقىچە ئائىلە كىتابى
















شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5515-2950-1
9 787551 529501 >
باھاسى: 15.00 يۈەن

Scanned with CamScanner